# ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ھەم ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى 5 - نۆۋەتلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر ئاساسىدا ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تۆرتكە بولۇشىنى ئۈمىد قىلدى.

يىغىن مەيدانىدا، كەيپىيات كۆتۈرەڭگۈ، قىزغىن ئىدى. رەئىس سەھنىسىدە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىقى ۋە ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ رايون بايرىقى كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى. شى جىنپىڭ ۋە رەپىقىسى پېڭ لىيۈەن ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ بەشىنچى قارار باش مەمۇرى خې يىچېڭ ۋە رەپىقىسى جېڭ سۇجېننىڭ ھەمراھلىقىدا يىغىن مەيدانىغا كىرگەندە، پۈتۈن مەيداندىكىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10دا، تەبرىكلەش يىغىنى ھەم ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمى باشلاندى. ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت شېئىرىنى ئېيتتى.

شى جىنپىڭ رەئىس سەھنىسىگە چىقىپ، قەسەم بېرىشنى نازارەت قىلدى. خې يىچېڭ ئالدى بىلەن قەسەم بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇردى، ئۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىقى ۋە ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ رايون بايرىقى ئالدىدا ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى نېگىزلىك قانۇنىدىكى بەلگىلىمە بويىچە تەنتەنىلىك قەسەم بەردى. قەسەم بېرىش تاماملانغاندىن كېيىن، شى جىنپىڭ خې يىچېڭ بىلەن مەھكەم قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

ئارقىدىن، شى جىنپىڭنىڭ قەسەم بېرىشنى نازارەت قىلىشى بىلەن، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى 5 - نۆۋەتلىك ھۆكۈمىتىدىكى ئاساسلىق ئەمەلدارلار خې يىچېڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە قەسەم بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇردى. قەسەم بېرىش تاماملانغاندىن كېيىن، شى جىنپىڭ ئۇلار بىلەن بىرمۇبىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ ئېھتىرام بىلدۈردى.

كېيىن، خې يىچېڭنىڭ قەسەم بېرىشنى نازارەت قىلىشى بىلەن، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى مەمۇرىي كېڭىشىنىڭ ئەزالىرى قەسەم بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇردى.

قىزغىن ئالقىش ساداسى ئىچىدە، شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىقە ۋاكالىتەن بارلىق ئاۋمېن ئاھالىسىگە سەممىي سالام يوللىدى؛ يېڭىدىن ۋەزىپىگە ئولتۇرغان ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ بەشىنچى قارار باش مەمۇرى خې يىچېڭ ئەپەندى ۋە 5 - نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق ئەمەلدارلىرى، مەمۇرىي كېڭەش ئەزالىرىنى قىزغىن تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى؛ ئاۋمېننىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلگەن، قوللىغان دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى بارلىق قېرىنداشلار ۋە خەلقئارادىكى دوستلارغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئاۋمېن ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەن 20 يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى، ئاساسىي قانۇن ۋە ئاۋمېن نېگىزلىك قانۇنىنى ئاساس قىلغان ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم تەرتىپى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇلدى، ئىدارە قىلىش سىستېمىسى كۈنسېرى مۇكەممەللەشتى؛ ئىقتىسادتا ھالقىما تەرەققىيات ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشى سىجىل ياخشىلاندى؛ جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى، ئىناقلىقى ساقلىنىپ، كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت گىرەلىشىپ نۇر چاچتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئاۋمېننىڭ يېرى كىچىك بولسىمۇ، لېكىن «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئەمەلىيىتىدىكى رولى ئۆزگىچە بولدى. ئاۋمېننىڭ «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنى يەكۈنلىگەندە، تۆۋەندىكىدەك تۆت نۇقتىلىق مۇھىم تەجرىبىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ:

بىرىنچى، باشتىن - ئاخىر «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» تۈزۈم ئىشەنچىنى چىڭىتىش. ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئەتىنى قوغداش بىلەن ئاۋمېننىڭ ئۇزاق مۇددەت گۈللىنىشى، مۇقىملىقنى قوغداشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىرادىسى مۇستەھكەم بولۇپ، ۋاقىتلىق ئوڭۇشسىزلىقتىن قىلچە تەۋرىنىپ قالمىدى، ئەزەلدىن سىرتنىڭ كاشىلىسى تۈپەيلىدىن گاڭگىراپ قالمىدى، دۆلەتنىڭ مۇھىم، زور تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ۋە بىر قاتار سىياسەت مەدەتتىن ئېلىپ كەلگەن پۇرسەتنى ئىگىلەشكە ماھىر بولۇپ، پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، دۆلەتنىڭ تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىگە سىڭىشىش جەريانىدا ئۆزىنى تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلدۇردى. ئاۋمېننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، پەقەت «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»گە قەتئىي ئىشەنچ باغلاپ ھەم ئۇنى ئەمەلىي يولغا قويغاندىلا، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە ئەۋزەللىكى تولۇق نامايان بولىدۇ.

ئىككىنچى، باشتىن - ئاخىر «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نىڭ توغرا يۆنىلىشىنى توغرا ئىگىلەش. كەڭ ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار بايرىقى روشەن ھالدا ئاساسىي قانۇن ۋە نېگىزلىك قانۇندا بېكىتىلگەن ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم تەرتىپىنى قوغداپ، دۆلەت ئاساسىي گەۋدىسى يولغا قويغان سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە ھۆرمەت قىلىپ، مەركەز ۋە ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننىڭ مۇناسىۋىتىگە چېتىلىدىغان ئالاقىدار مەسىلەلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلدى. ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننىڭ مەمۇرىيەت، قانۇن چىقىرىش، ئەدلىيە ئورگانلىرى مەركەزنىڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننى ئومۇمىيۈزلۈك باشقۇرۇش، ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى قوغداش بىلەن ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننىڭ يۇقىرى ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، «بىر دۆلەت» پرىنسىپىنىڭ تۆۋەن چېكىنى چىڭ ساقلاپ، مەركەزنىڭ ھوقۇقى ۋە نېگىزلىك قانۇننىڭ نوپۇزىنى ئاڭلىق قوغدىدى. ئاۋمېننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نى ئەمەلىيەتتە كۆرستىشنىڭ ئۆزگىرىپ كەتمەسلىكى، قىيسىپ كەتمەسلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغاندىلا، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئىشلىرىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا، يىراققا بېرىشىغا تۆرتكە بولغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، باشتىن - ئاخىر «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» بويىچە زىممىسىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش. كەڭ ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار ئۆزىگە ئىگە بولۇش ئېڭى بىلەن، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»، «ئاۋمېننى ئاۋمېنلىقلار ئىدارە قىلىش»، يۇقىرى ئاپتونومىيەنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يولغا قويۇشنى ئورتاق بۇرچ قىلدى. ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتى جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ يېتەكلەپ، ئاۋمېننىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس كېلىدىغان ئىدارە قىلىش ئۇسۇلى ۋە تەرەققىيات يولى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ھەقىقىي تۈردە ئۈنۈملۈك ياخشىلاپ، قەتئىي تەۋرەنمەي قانۇنچىللىقنى قوغداپ، دېموكراتىيەنى تەدرىجىي ئالغا سىلجىتىپ، سىغدۇرۇشچان بولۇپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، ئىناقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاۋمېننى جۇشقۇن ئىلگىرىلەيدىغان ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى. ئاۋمېننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، ئۆزىگە ئىگە بولغان ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار دەۋرنىڭ ئېغىر ۋەزىپىسىنى تامامەن زىممىسىگە ئالالايدۇ، ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننى ياخشى باشقۇرالايدۇ، ياخشى گۈللەندۈرەلەيدۇ، ياخشى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ.

تۆتىنچى، باشتىن - ئاخىر «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نىڭ جەمئىيەت سىياسىي ئاساسىنى پۇختىلاش. كەڭ ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار ئەزەلدىن ۋەتەننى سۆيۈش ئەنئەنىسىگە ئىگە، كۈچلۈك بولغان دۆلەتنى قەلبىتىن ئېتىراپ قىلىش تۇيغۇسىغا، تەۋەلىك تۇيغۇسىغا ۋە مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىغا ئىگە، بۇ «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نىڭ ئاۋمېندا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيەتتە كۆرستىلىشىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەب. ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە ۋەتەنپەرۋەرلەرنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان «ئاۋمېننى ئاۋمېنلىقلار ئىدارە قىلىش»نى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈردى، ۋەتەننى سۆيىدىغان، ئاۋمېننى سۆيىدىغان كۈچلەر كۈنسېرى تەرەققىي قىلىپ زورىيىدى، ۋەتەننى سۆيىدىغان، ئاۋمېننى سۆيىدىغان يادرولۇق قىممەت ئاۋمېن جەمئىيىتىدە يېتەكچى ئورۇندا تۇردى. ئاۋمېننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان جەمئىيەت سىياسىي ئاساسىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ۋەتەننى سۆيۈش، ئاۋمېننى سۆيۈش بايرىقى ئاستىدا ئەڭ كەڭ ئىتتىپاقلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نىڭ باشتىن - ئاخىر توغرا يولنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىشىدىكى تۈپ كاپالەت.

شى جىنپىڭ ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك ھۆكۈمىتىدىن كۈتىدىغان تۆت تۈرلۈك ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى: بىرىنچى، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى ئىدارە قىلىش سەۋىيەسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش كېرەك. ئىككىنچى، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىغا يەنىمۇ تۆرتكە بولۇش كېرەك. ئۈچىنچى، ئادەمنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى يەنىمۇ كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش كېرەك. تۆتىنچى، سىغدۇرۇشچان بولۇش، ئۆزئارا ياردەم بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شياڭگاڭ، ئاۋمېن ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەندىن كېيىن، بۇ ئىككى ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، ھەرقانداق تاشقى كۈچنىڭ كەلسە - كەلمەس قول تىقىشىنىڭ ھاجىتى يوق. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئەتىنى قوغداش ئىرادىسى ئۆيۈل تاشتەك مۇستەھكەم، بىز ھەرقانداق تاشقى كۈچنىڭ شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا ھەرگىز يول قويمايمىز.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نى ئەمەلىيەتتە كۆرستىشتە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى دۇنيا ئېتىراپ قىلدى، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» تۈزۈم سىستېمىسىنىمۇ ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، شياڭگاڭلىق، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭگو خەلقى «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئەمەلىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇش، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» تۈزۈم سىستېمىسىنى تېخىمۇ ياخشى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى تېخىمۇ ياخشى ئىدارە قىلىشتا تامامەن ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە، ئىقتىدارغا ئىگە. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدەمىنى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ، شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ ۋەتەننىڭ ئىچكىرى رايونلىرى بىلەن تەڭ تەرەققىي قىلىش، ئورتاق گۈللىنىش يولى مۇقەررەر ماڭغانسېرى كېڭىيىدۇ.

خې يىچېڭ تەبرىك سۆزىدە مۇنداق دېدى: ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ بەشىنچى قارار باش مەمۇرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن بۇرچۇمنىڭ شەرەپلىك، مەسئۇلىيىتىمنىڭ مۇھىم، زورلۇقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. بىز «ھەمكارلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش، ئۆزگەرتىش ياساپ يېڭىلىق يارىتىش»نى يېڭى بىر نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش ئىدىيەسى قىلىپ، ئىدىيەدە ئازاد بولۇپ، ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەپ، دادىل نەتىجە يارىتىپ، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» فاڭجېننى ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە نېگىزلىك قانۇنغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ ئىش بېجىرىپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئەتىنى ھەقىقىي قوغداپ، تېخىمۇ زور شىجائەت ۋە دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەيدىغان ھەقىقىي ئۆزگەرتىش ياساپ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى ئارقىلىق، ئاۋمېننىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىغا تۆرتكە بولۇپ، پۇختا خىزمەت نەتىجىمىز ئارقىلىق مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ۋە ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدىكى كەڭ ئاھالىلەرنىڭ بىزگە بولغان ئىشەنچى ۋە قوللىشىغا جاۋاب قايتۇرىمىز. شۇنىڭغا ئىشەنىمەنكى، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى ۋە يېتەكلىشىدە، ئاۋمېن چوقۇم ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكىرى رايونلىرى بىلەن تەڭ تەرەققىي قىلىپ، ئورتاق گۈللىنىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

دىڭ شۈشياڭ، ۋاڭ چېن، جاڭ يوۋشيا، ۋاڭ يى، ما بياۋ قاتارلىقلار تەبرىكلەش يىغىنى ھەم ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خې خوۋخۇا، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ باش مەمۇرى لىنجېڭ يۈئې، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ ئالدىنقى قارار باش مەمۇرى سۇي شىئەن ھەمدە ئاۋمېننىڭ ھەرقايسى ساھەسىدىكى ۋەكىللەر ۋە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئەزىز مېھمانلارمۇ تەبرىكلەش يىغىنى ھەم ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

## شى جىنپىڭنىڭ قەسەم بېرىشنى نازارەت قىلىشى بىلەن ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى 5 - نۆۋەتلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق ئەمەلدارلىرى خې يىچېڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە قەسەم بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئاۋمېن، 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار گاۋ جېي، گو شىن، خاۋ يالىن)** ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ھەم ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى 5 - نۆۋەتلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمى 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئاۋمېن شەرقىي ئاسىيا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى تەنتەربىيە سارىيىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ قەسەم بېرىشنى نازارەت قىلىشى بىلەن، خې يىچېڭ ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ بەشىنچى قارار باش مەمۇرلۇق ۋەزىپىسىگە قەسەم بېرىپ ئولتۇردى.

شۇ كۈنى سائەت 10دىن 4 مىنۇت ئۆتكەندە، خې يىچېڭ تەنتەنىلىك قەسەم بەردى: مەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ باش مەمۇرلۇق ۋەزىپىسىگە ئولتۇردۇم، جەزمەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ نېگىزلىك قانۇنىنى ھىمايە قىلىمەن ھەم ئىجرا قىلىشقا مەسئۇل بولىمەن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھەمدە ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىغا سادىق بولۇپ، ۋەزىپەمنى سادىقلىق بىلەن تولۇق ئادا قىلىپ، قانۇنغا رىئايە قىلىپ، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك - دۇرۇس بولۇپ، ئاۋمېننىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنى قوغداشقا كۈچ چىقىرىپ، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى ئالدىدا مەسئۇل بولىمەن.

ئارقىدىن، شى جىنپىڭنىڭ قەسەم بېرىشنى نازارەت قىلىشى بىلەن، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى 5 - نۆۋەتلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق ئەمەلدارلىرى خې يىچېڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە قەسەم بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇردى، ئارقىدىن، خې يىچېڭنىڭ قەسەم بېرىشنى نازارەت قىلىشى بىلەن، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى مەمۇرىي كېڭىشىنىڭ ئەزالىرى قەسەم بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇردى.

ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى 5 - نۆۋەتلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق ئەمەلدارلىرى مەمۇرىي قانۇن ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى، ئىقتىساد - مالىيە مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى، ئامانلىق ساقلاش مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى، جەمئىيەت - مەدەنىيەت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى، ترانسپورت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى، پاكلىق مەھكىمىسىنىڭ پاكلىق مەخسۇس خادىمى، ئىقتىسادىي تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش مۇپەتتىشى، ساقچى باش ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى، تاموژنىنىڭ تاموژنا باشلىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك مەمۇرىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى جەمئىي 11 نەپەر.

خې يىچېڭ تەبرىك سۆزىدە مۇنداق دېدى: 20 يىلدىن بۇيان، خې خوۋخۇا ۋە سۇي شىئەن ئىككى باش مەمۇرنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاۋمېن جەمئىيىتىدىكى ھەر ساھە بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ئەمەلىيەتچىل بولۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، دۇنياغا ئاۋمېنچە «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتىنى نامايان قىلدى، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نىڭ يولغا قويۇلىشى بولىدىغان، قىلغىلى بولىدىغان، كىشىلەر قەلبىگە ياقىدىغان قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنى جانلىق نامايان قىلدى ۋە ئەڭ ياخشى چۈشەندۈردى، يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا، يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتى «ماسلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئۆزگەرتىش ياساپ يېڭىلىق يارىتىش»نى مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش ئىدىيەسى قىلىپ، ئىدىيەدە ئازاد بولۇپ، ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەپ، دادىل نەتىجە يارىتىپ، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» فاڭجېننى ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە نېگىزلىك قانۇنغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ ئىش بېجىرىپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئەتىنى ھەقىقىي قوغداپ، تېخىمۇ زور شىجائەت ۋە دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەيدىغان ئۆزگەرتىش ياساپ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى ئارقىلىق، ئاۋمېننىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىغا تۆرتكە بولۇپ، پۇختا خىزمەت نەتىجىسى بىلەن مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋە ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدىكى كەڭ ئاھالىلەرنىڭ ئىشەنچى ۋە قوللىشىغا جاۋاب قايتۇرىدۇ.

ئۇ مۇنداق بىلدۈردى: ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتى ئاۋمېننىڭ 20 يىلدىن بۇيانقى «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئەمەلىيىتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئاۋمېننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، نەزەر دائىرىنى كېڭەيتىپ، ئاۋمېنچە «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نى يەنىمۇ ئورنىتىدۇ.

خې يىچېڭ مۇنداق دېدى: «ئىشىنىمەنكى، مەركەزنىڭ قوللىشى ۋە يېتەكلىشىدە، پەقەت بىز ئاۋمېننىڭ تەرەققىيات ئاساسى، تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، تەرەققىيات پۇرسىتى، تەرەققىيات ئورنى ۋە تەرەققىيات ئەۋزەللىكىنى زېچ چۆرىدەپ ۋە ئىگىلەپ، ماسلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئۆزگەرتىش ياساپ يېڭىلىق ياراتساقلا، ئاۋمېننىڭ ئەتىسى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ، ‹بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم› ئىشلىرى چوقۇم تېخىمۇ شانلىق بولىدۇ! ئاۋمېن چوقۇم ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكىرى رايونلىرى بىلەن ئورتاق تەرەققىي قىلىپ، ئورتاق گۈللىنىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرىدۇ!»

خې يىچېڭ 1957 - يىلى 6 - ئايدا ئاۋمېندا تۇغۇلغان. ئىلگىرى ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى مەمۇرىي كېڭىشىنىڭ ئەزاسى، ئاۋمېن جۇڭخۇا باش سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن ئۇيۇشما باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، ئۇ، 2013 - يىلى 10 - ئايدا ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى قانۇن چىقىرىش كېڭىشىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغان، 2017 - يىلى 10 - ئايدا ئۇدا ۋەزىپىگە ئولتۇرغان. ئۇ ئىلگىرى 9 - نۆۋەتلىكتىن 13 - نۆۋەتلىككىچە بولغان مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان.

2019 - يىلى 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، خې يىچېڭ ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ بەشىنچى قارار باش مەمۇرلۇق سايلىمىغا قاتنىشىدىغانلىقىنى رەسمىي جاكارلىدى. 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ 5 - نۆۋەتلىك باش مەمۇر سايلام كومىتېتى قانۇن بويىچە باش مەمۇر سايلىمى ئۆتكۈزدى، خې يىچېڭ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ بەشىنچى قارار باش مەمۇر نامزاتلىقىغا سايلاندى. 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى كېچياڭ گوۋۇيۈەننىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، خې يىچېڭنى ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ بەشىنچى قارار باش مەمۇرلۇقىغا تەيىنلەشنى، 2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ۋەزىپىگە ئولتۇرىدىغانلىقىنى قارار قىلدى.

## شى جىنپىڭ ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ يېڭىدىن ۋەزىپىگە ئولتۇرغان مەمۇرىيەت، قانۇن چىقىرىش، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئاۋمېن، 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار جۇ جىچەي، گو شىن)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئاۋمېندا ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ يېڭىدىن ۋەزىپىگە ئولتۇرغان مەمۇرىيەت، قانۇن چىقىرىش، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇش - ئىدارە قىلىش كوللېكتىپىنىڭ شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، كۆتۈرەڭگۈ ھاياتىي كۈچكە تولغان. ھازىر ئاۋمېننىڭ تەرەققىياتى ئالدىنقى ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كېيىنكى ئىشلارنى باشلاپ، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان ئاچقۇچلۇق مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ، كۆپچىلىك قەسىمنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئېلىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ كۆپچىلىكتىن كۈتىدىغان بەش تۈرلۈك ئۈمىدنى ئوتتۇرىغا قويدى: بىرىنچى، دۆلەت ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، باشتىن - ئاخىر دۆلەت تەرەققىياتى ۋە خەۋپسىزلىك چوڭ ۋەزىيىتى نۇقتىسىدىن مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ئويلىنىپ، ئاڭلىق ھالدا دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئەتىنى قوغداش كېرەك. ئىككىنچى، خەلقنى كۆزلەش ھېسسىياتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ، خەلق تۇرمۇشى ئەمەلىي ئىشلىرىنى بىر - بىرلەپ ياخشى قىلىش كېرەك. ئۈچىنچى، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىلگىرىلەش روھى بىلەن، ئويلاشقا جۈرئەت قىلىپ، سىناشقا جۈرئەت قىلىپ، ئاۋمېننىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى چوڭقۇر قاتلاملىق زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىش كېرەك. تۆتىنچى، قابىلىيەت، ئىقتىدارنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاۋمېننىڭ تەرەققىياتىدىكى يېڭى تەلەپكە ۋە ئاۋمېن ئاھالىلىرىنىڭ يېڭى ئارزۇسىغا سىلىشتۇرۇپ، ئىقتىدار ۋە ھەۋەسكە ئىگە بولۇپ، يېڭى ئىدىيە تۇرغۇزۇپ، يېڭى ئۇسۇللارنى ئىگىلەپ، مۇرەككەپ ۋەزىيەتنى كونترول قىلىش ۋە خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. بەشىنچى، پاكلىق ئىستىلىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يالغۇزدا، دەسلەپتە، كىچىكتە ئېھتىياتچان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

دىڭ شۈشياڭ، ۋاڭ چېن، جاڭ يوۋشيا، ۋاڭ يى، ما بياۋ قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ باش مەمۇرى خې يىچېڭمۇ كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

## شى جىنپىڭ مەركەزنىڭ ئاۋمېندا تۇرۇشلۇق ئاپپاراتلىرى ۋە جۇڭگو مەبلەغ سالغان ئاساسلىق ئاپپاراتلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئاۋمېن، 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار جاۋ بو، چېن جيەنشىڭ)** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئاۋمېندا مەركەزنىڭ ئاۋمېندا تۇرۇشلۇق ئاپپاراتلىرى ۋە جۇڭگو مەبلەغ سالغان ئاساسلىق ئاپپاراتلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.

شى جىنپىڭ ئالدى بىلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن كۆپچىلىككە سەممىي سالام يوللىدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئاۋمېن ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەن 20 يىلدىن بۇيان «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشتە قولغا كەلتۈرۈلگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى مەركەزنىڭ ئاۋمېندا تۇرۇشلۇق ئاپپاراتلىرى ۋە جۇڭگو مەبلەغ سالغان ئاپپاراتلارنىڭ تىرىشىپ خىزمەت قىلغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. مەركەزنىڭ ئاۋمېندا تۇرۇشلۇق ئاپپاراتلىرى مەركەزنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەركەز ئورۇنداشقا تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ تاماملاپ، ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشىنى پائال قوللىدى. جۇڭگو مەبلەغ سالغان ئاپپاراتلار ئالاھىدە مەمۇرىي رايون قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىپ، يەرلىك كارخانىلار بىلەن بىر - بىرنى تولۇقلاپ، ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشىغا ئورتاق تۆرتكە بولدى. مەركەز كۆپچىلىكنىڭ خىزمىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» تۈزۈم سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. بۇ، ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر باسقۇچتىكى شياڭگاڭ، ئاۋمېن خىزمىتىنىڭ پروگراممىسى ۋە كۆرسەتمىسى، كۆپچىلىك ئەستايىدىل ئۆگىنىشى، ئۆزلەشتۈرۈشى، چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. مەركەزنىڭ ئاۋمېندا تۇرۇشلۇق ئاپپاراتلىرى ۋە جۇڭگو مەبلەغ سالغان ئاپپاراتلاردىكى بارلىق يولداشلارنىڭ ئاۋمېن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش سىياسىي يۈكسەكلىكنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، بۇرچ تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئاۋمېننىڭ «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئىشلىرىنىڭ يېڭى تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

دىڭ شۈشياڭ، ۋاڭ چېن، جاڭ يوۋشيا، ۋاڭ يى، ما بياۋ قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ باش مەمۇرى خې يىچېڭمۇ كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.